# 79202 ـ ئوپېراتسىيە قىلىنغانلىق سەۋەبىدىن قان كەلگەن بولسا، بۇ روزا تۇتۇشنى چەكلەمدۇ؟

## سۇئال

مەن ئىككى ئاي بۇرۇن بالامنى تۇغدۇم، ھازىرغىچە نىپاسنىڭ قىنى ئۈزۈلمىدى، دوختۇرغا تەكشۈرتسەم، بالىنىڭ ھەمرىيىدىن بىر پارچىنىڭ قىلىپ قالغانلىقى مەلۇم بولدى، ئۇنى ئالدۇرۋېتىش ئۈچۈن ئوپېراتسىيە قىلدۇردۇم، بۇ رامزاندىن دەسلەپكى بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن بولغان ئىش، مەن ئوپېراتسىيە قىلىنغاندىن كېيىن روزا تۇتتۇم، لىكىن قان ئۈزۈلمىدى، ھازىر قانداق قىلىشىم كېرەك؟، تۇتقان روزام توغرا بولامدۇ؟. ئوپېراتسىيە قىلىنغاندىن كېيىن قان بەك ئاز كېلىدۇ، جىنسى مۇناسىۋەت قىلىش مۇمكىن بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت ـ سالاملىرى بولسۇن.

نىپاسنىڭ ئەڭ ئۇزۇن ۋاقتى قىرىق كۈن بولۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئايال پاك بولىدۇ، گەرچە قان كېلىپ قالسىمۇ نامازنى ئادا قىلىدۇ، روزىنى تۇتىدۇ، جىنسى مۇناسىۋەت قىلىدۇ، قىرىق كۈندىن كېيىن كەلگەن قان نىپاس قىنى بولمايدۇ بەلكى پاكىزە قان بولىدۇ. ئىلگىرى بۇنىڭ تەپسىلاتى دەلىللىرى بىلەن 106464 ـ نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىدا بايان قىلىنىدى.

شۇنىڭغا ئاساسەن، سىزنىڭ ئوپېراتسىيە قىلدۇرغاندىن كېيىن  گەرچە قان كەلسىمۇ تۇتقان روزىڭىز توغرا بولىدۇ، سىز رامزاننىڭ دەسلەپكى ھەپتىسىدە تۇتمىغان روزىنىڭ قازاسىنى قىلىشىڭىز كېرەك.

قىرىق كۈندىن كېيىن ئوقۇمىغان نامازلىرىڭىزنىڭ ئاللاھ خالىسا قازاسى كەلمەيدۇ.

45648 ـ نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىغا قاراپ چىقىڭ.

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.